

# خۇجىنتاۋنىڭ

## ھەيدەپ چىقىرىلىشى

تەكلىماكان

2022-10 www.taklimakan.biz 1444-03



## خۇجىنتاۋنىڭ «مەيداندىن چىقىرىۋېتىلىشى» نۇرغۇن پەرەزلەرنى قوزغىدى، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئىنگلىزچە تۋىتتېر ھېساباتىدا مەزكۇر ئىشقا بەرگەن ئىنكاسى

خىتاي رەسمىي خەۋەر ئاگېنتلىقى ـ شەنبە (10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى) ئىنگلىزچە تۋىتتېر ھېساباتىدا، خىتاينىڭ سابىق رەئىسى خۇجىنتاۋنىڭ «20 ـ چوڭ قۇرۇلتاي يېپىلىش مۇراسىمى» جەريانىدا يىغىن زالىدىن ئايرىلغانلىقىغا ئىنكاس قايتۇردى.

خەۋەردە، خۇ جىنتاۋ يىغىن مەزگىلىدە بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يىغىن زالى سىرتىدىكى بۆلۈمدە ئارام ئالدۇرغانلىقىنى ئېيتقان.

خەۋەردە يەنە قوشۇمچە قىلىپ، خۇجىنتاۋ داۋالىنىۋاتقانلىقى، ھازىر ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

لېكىن خىتاي دۆلەت ئىچى خەۋەر ئاگېنتلىقلىرىدا بۇ ئىش ئۈستىدە توختالمىغان، شىنخۇا ئاگېنتلىقى بۇ ھەقتە خىتاي تور بەتلىرىدە، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىدا ھەم ئىلاۋە قالدۇرمىغان.

تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بولسا، **BBS**نىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى **(Stephen mcdonel)** مىك دونىلنىڭ ئانالىز ماقالىسى:

خۇجىنتاۋنىڭ خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى رەھبەرلەر مۇنبىرىدىن ئايرىلغانلىقى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ ھەققىتىگە تولىمۇ

www.taklimakan.biz

قىزىقىدۇ.

نۇرغۇن مەسىلىلەر بار، ئەمما ھازىرغىچىلىك خىتاي ھۆكۈمىتى ئىنكاس قايتۇرغىنى يوق.

خىتاينىڭ سابىق رەھبىرى خۇجىنتاۋ ئىزچىل يىغىن زالىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغان، ئەگەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ بېشىنى لىڭشىتقۇدەك زادى شى جىن پىڭ غا نېمە دېدى؟ ئۇ مۇنبەردىن چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا شاگىرتى لى كېچياڭ نىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەم نېمە دېدى؟

خۇ جىنتاۋ قۇرۇلتاي زالىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلىشىدە ئىككى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، بىرى خىتاي دىكتاتورلىقىنىڭ بىر تەرىپى (بىر كونا زامان رەھبىرىنى سىمۋول خاراكتېرلىك يىغىن زالىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلىشى) يەنە بىرى بولسا خۇ جىن تاۋ ھەقىقەتەن بىتاپ بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

بىر ھەپتە بۇرۇن، قۇرۇلتاينىڭ بىرىنچى كۈنى، خۇ جىنتاۋ خىزمەتچى خادىمنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلتاي زالىغا يېتىپ كىرگەن بولۇپ، كۆرۈنۈشكە ئۇ ناھايىتى ئاجىز ئىدى.

لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن تەن-سالامەتلىكى ياخشى بولمىسا، نېمىشقا تۇيۇقسىز بۇ خىل ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟ نېمىشقا كامېرا ئالدىدا؟ جىددىي ئەھۋالمۇ؟

خىتاي 20-قېتىملىق چوڭ قۇرۇلتىيى ئاخىرلاشتى: لى كېچياڭ، ۋاڭ خەن، لى مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى قاتارىدا تىلغا ئېلىنمىدى.

بۈگۈن بىر قەدەر ئۇزۇن تارتىلغان سىندا، شى جىنپىڭ خۇ جىنتاۋ تەرەپكە بۇرۇلغان بولۇپ، نەق شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ سول تەرىپىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار لى جەنشۇ ۋە ۋاڭ خۇ نىڭ كۆرۈنۈشتە ناھايىتى جىددىيلەشكەن، لى جەنشۇ ئىزچىل ئورنىدىن تۇرۇپ خۇ جىن تاۋ غا ياردەم بەرگەن، ئەمما ۋاڭ خۇ ئۇنى تارتىپ ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان، خۇددى «ئارلاشما» دېگۈسى باردەك.

www.taklimakan.biz

خۇ جىنتاۋ يەنە توختىماي قول ئۇزارتىپ خۇددى شى جىنپىڭ نىڭ ئالدىدىكى ھۆججەتنى ئالغۇسى باردەك، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان بولۇپ، شى جىن پىڭ ھەم نەق ۋاقتىدا قولىنى ئۇزارتىپ ھۆججەتنى بېسىۋېلىپ، خۇ جىن تاۋنىڭ ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشىدىن توسىدۇ.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلتىيى ناھايىتى قېلىپلاشقان، بۇ خىل ھالەت كىشىلەرگە خۇ جىن تاۋ نىڭ قۇرۇلتاي زالىدىن چىقىپ كېتىشىنى تولىمۇ تۇيۇقسىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئۇ (خۇ) قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىن سەل بۇرۇن يېپىق يىغىنغا قاتناشقان. كېيىن شۇ كۈنى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئاخبارات ۋاستىلىرى كىرىشكە يول قۇيۇلغان بولۇپ ، كامېرالار تىكلىنىپ بولغان چاغدا، خىزمەت خادىملىرى خۇ جىنتاۋ نىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى.

گەرچە شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، كومپارتىيە ئادەتتە پەردە ئارقىسىدىكى مۇنازىرە ۋە دە ـ تالاشلارنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقمايتتى ، ناۋادا بۇ بىر قېتىملىق قەستەن پىلانلانغان ئىش بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئىلگىرى ھالەتلەرگە ئوخشىماي قالدى.

خۇ جىنتاۋ شى جىنپىڭ بىلەن ئوخشىمايدىغان بىر خىتاي دۆلىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى، ھەرقايسى سىياسىي قاتلاملاردىكى تەڭپۇڭلۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. خۇ جىنتاۋ دەۋرى ـ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، يېڭى ئىدىيە قارشى ئېلىنغان مەزگىل بولغان.

**2008** ـ يىلى بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنى خىتاينىڭ خەلقئارا سەھنىدە چاقناپ چىققان چوققىسى ھېسابلىنىدۇ ، چەتئەل كارخانىلىرىنىڭ خىتايدا قۇرۇلۇشى، چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ توختىماي ئېقىپ كىرىشى، تورلارنىڭ ھازىرقىدىن ئەركىن بولۇشى، دۆلەت ئىچى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك خەۋەر ئىشلىيەلىشى خىتاينىڭ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئوبرازىنى يېڭىلاپ بەردى.

بەلكىم بەزى كىشىلەر خۇ جىن تاۋ نى «ئاجىز» دېيىشى مۇمكىن،

www.taklimakan.biz

لېكىن ئۇ رەھبەرلىك قىلغان مەزگىلدە خىتاي ئىقتىسادىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ۋە خىتاينىڭ خەلقئارا ئوبرازىغا ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى.

پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شى جىن پىڭ دۆلەتنى ئوخشىمىغان بىر يۆنىلىشكە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ دېگەن

« يادرولۇق شەخس » رىقابەت ئېلان قىلىشقا بولمايدۇ.

ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ۋە رىغبىتى تۈرتكىسىدە، خەلق ئارىسىدا خىتاي مىللەتچىلىكى پارتلىغان بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنىڭ خىتايغا قانداق قارايدىغانلىقىغا قىزىقمايدۇ، خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەرگە قويۇپ بەرگەن سىگنالى بولسا: خىتاي بىلەن قارشىلاشقانلىقىڭ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلغىنىڭ! بولۇپ قالدى.

پارتىيە نىزامنامىسى ئۆزگەرتىلگەنلىكى، خىتاي خەلقىگە بۈنىڭ «كۆرەش» بىلەن قولغا كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ ھالەت ماۋ دەۋرىگە ئوخشاپ قالدۇ.

ئىچكى قىسىمغا نىسبەتەن پارتىيە ئەڭ ئالىي رەھبەر بولۇپ، شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن بۇيان چىرىكلىككە قارشى تۈرۈش نامى بىلەن بارلىق سىياسىي رەقىبلەرنى تازىلىدى. ھازىر، شى جىن پىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئارقىلىق بارلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەپلەردە ئوخشاشمايدىغان پىكىرگە ئىگە قالدۇق كۈچلەرنى تازىلاپ چىقتى.

ئەگەر خۇ جىنتاۋ ھېس قىلسا، **20** ـ قېتىملىق چوڭ قۇرۇلتايدا، پارتىيە كومىتېتىنىڭ **205** نەپەر يېڭى ئەزالاردىن تۈزۈلۈپ چىققانلىقى، ئارىسىدا لى كې چاڭ ۋە ۋاڭ ياڭلارنىڭ يوقلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەركىنلىك تەشەببۇسكارلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئالدىنقى نۆۋەت ھۆكۈمەت ئىدىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى.

بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، يېڭى سىياسىي بيۇرو دائىمىي ئەزالار كومىتېتى شى جىن پىڭ تەشەببۇسكارلىرى بىلەن تۈزۈلۈپ چىققانلىقىنى، خۇ جىنتاۋ دەۋرىدىكى ئىسلاھاتنى سىرتقا ئېچىۋېتىش مەزگىلى بىلەن ئوخشىمىغان يۆنىلىشكە قاراپ ماڭغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

www.taklimakan.biz

www.taklimakan.biz